غالىپ بارات ئەرك

# كرورانىڭ سىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

غالىپ بارات ئەرك



# كروراننىڭ سىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

楼兰的奥秘/阿里甫·巴拉提著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.12
ISBN 7—228—09194—9

Ⅰ.楼… Ⅱ.阿… Ⅲ. 楼兰—简介—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K928.6

中国版本图书馆CIP数据核字（2004）第136554号

责任编辑：孜来哈·艾则孜
责任校对：木尼拉·木萨江
封面设计·努尔买买提

**楼兰的奥秘**

（维吾尔文）

阿里甫·巴拉提 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮政编码:830001）
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
新疆新华书店发行
850×1168毫米 32开本 20印张 2插页
2004年12月第一版 2005年7月 第一次印刷
印数：1 ～ 3000

ISBN 7—228—09194—9 定价：30.00 元



غالىپ بارات ئەرك



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# نەشرىياتتىن

نۆۋەتتە بىزنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەيىمىزدە بىر تۈركۈم جاسارەتلىك، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئىلمىي پوزىتسىيەسى كۈچلۈك ياش تەتقىقاتچىلار قوشۇنى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ ساھەدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىز ھەققىدىكى ئەمەس، بەلكى خاس تېمىلاردىكى ئىنچىكە، چوڭقۇر تەتقىقات ئەسەرلىرى تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىۋاتىدۇ. تەتقىقاتچى غالىپ بارات ئەرك ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

غالىپ بارات ئەرك 1968 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چاقىلىق ناھىيە تۈرپان مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1989 - يىلى 7 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1989 - يىلىدىن بۇيان چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف شىركىتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1995 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ «ئەرك» دېگەن فامىلىنى قوللانغان.

غالىپ بارات ئەرك پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، بۇ ساھەدىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۆگىنىشنى باشلىغان. تەدرىجىي ھالدا بۇ ساھەدە بىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلاردا «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مۇقەددىمىسى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر لوپ»، «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر كىتىك»، «ئۇيغۇر نامى

ھەققىدە يېڭىچە مۇلاھىزە» ، «چىن ـ ماچىن نامى ئۈستىدە ئىزدە-
نىش» ، «ئۇيغۇرلاردىكى نامراتلىق ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرى» قاتارلىق
50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ ماقالىلىرد-
دىن «خاسىيەتلىك ئەنئەنىلىرىمىز ياشىسۇن» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ مە-
دەنىيەتتە چېكىنىشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر» ، «لوپلۇقلارنىڭ ئېتى-
نىك مەنبەسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «ئۆلۈۋاتقانلار بى-
لەن سۆھبەت» ، «ئۇيغۇرلاردىكى نامراتلىق ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرى»
قاتارلىقلار تورلۇك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى . ئۇ ئىنچىكە ئىزدىنىشلەر
ئارقىلىق يازغان «توپان بالاسى ۋە چىن ـ ماچىن» ، «مەھمۇد
قەشقەرى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشرىيات
ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى . ئۇ ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

«كروراننىڭ سىرى» ناملىق بۇ تەتقىقات ئەسىرى بۇ ياش
تەتقىقاتچىنىڭ خەلقىگە سۇنغان تۇنجى كىتابى .

# تارىختىكى كروران ۋە كەلگۈسىدىكى كروران

## (مۇقەددىمە ئورنىدا)

20 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى ، يوقىلىپ كەتكىنىگە مىڭ
يىلدىن ئاشقان قەدىمكى شەھەر كروراننىڭ بايقىلىشى دۇنيانى ھەي-
رەتتە قالدۇردى . كروراننىڭ تېپىلىپ دۇنيادا مۇنداق زىلزىلە
قوزغىشىدا كرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادى — لوپلۇق ئۇيغۇر يىگىت
ئۆردەك ۋە شۋېتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى دوكتور سې-
ۋېن ھېدىنىنىڭ تۆھپىسى زور بولدى . مانا ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ-
تۇ ، ھازىرقى كروران ئەۋلادلىرى ئىلگىرى يۇرتىدا ئەنە شۇنداق
بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىسىمۇ ، لېكىن بۇ توغرىسى-
دىكى تارىخنى تەپسىلىي بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز . ئۆز تارىخىنى
بىلمەسلىك ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمىغانغا باراۋەر . ئۆتمۈشى غۇۋا
مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ . ئەمدى نادانلىققا خاتىمە بېرى-
دىغان ۋاقىت يەتتى ، ئۆتمۈش تارىخىمىزنى ئەقىل كۆزىمىز بىلەن
كۆرۈپ ، ئۆتمۈش سەۋەنلىكلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغان دەۋر يەتتى .
مەن شۇ تاپتا ، قالاقلىق ، نادانلىق گىردابىدا ئىڭراۋاتساممۇ ، مىل-
لىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىگە قاراپ غەيرەتلىنىپ ،
ئۆگەنگەنلىرىمنى ئاساس قىلىپ ، كۈچ ـ قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە
بۇ قەدىمىي سىر كانىنىڭ قاپقىقىنى چېكىشنى نىيەت قىلدىم .

نىيەت ئەلا ، ھەيھات ، ئۆردەك ئېلىپ كەلگەن ياغاچ ئويمىنى
شۋېت ئېكسپېدىتسىيىچى كۆرگىنىدە قانچىلىك ھەيرەتتە قالغان
بولسا ، مەنمۇ سىرلار بىلەن تولغان كروران تارىخىنى كۆرۈپ
شۇنچىلىك ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەقلىم لال بولدى ، تارىخ بەتلىرىنى
ۋاراقلىغانسېرى كۆڭۈل رۇجەكلىرىم يورۇدى ، ئەجدادلىرىمنى

كۆرگەندەك بولدۇم .

تارىخ بەتلىرى ماڭا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەيسەرلىكىنىلا ئەمەس ، يۇرت سۆيەر ، خەلقپەرۋەر ، تىنچلىق سۆيەر ، شۇنداقلا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان دانالاردىن ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشقا ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ ، ئىنسانىيلىقنى مەقسەت قىلىپ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە پارلاق تارىخ ياراتقانلىقىنى نامايان قىلىپ بەردى . مەنمۇ سىزنى ئەجدادلار ئىزلىرىنى كۆرۈشكە ، تارىخىمىز - نىڭ ئاشۇ شانلىق سەھىپىلىرىنى ئەقىل كۆزىڭىز بىلەن كۆزىتىشكە تەكلىپ قىلماقچىمەن . قېنى مەرھەمەت ، ئەجدادلارنىڭ سىر - ھېكمەت خەزىنىسىگە قەدەم بېسىڭ ، پارلاق ئەتە ئۈچۈن مېھنەت قىلىڭ ، سىزنىڭ قەدىمىڭىز بىلەن بۇ سىرلار تىلسىمى نامايان بولسا ئەجەب ئەمەس .

ۋەيران بولۇپ تارىخنىڭ قوم - بورانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغىنىغا مىڭ يىللاردىن ئاشقان كروران شەھىرى 21 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن قايتا قۇرۇلىدىكەن دېگەن خەۋەر يەنە بىر زىلزىلە بولدى ، ئالىملار قەدىمكى كروران شەھىرى خارابىسى ، مىرەن (مۇرەن) كونا شەھەر خارابىسى ، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان چاقىلىق ناھىيىسى بازىرى ئەتراپلىرىدا ، يېقىن كەلگۈسىدە 60 ~ 80 مىڭچە نوپۇسقا ئىگە بار ، كەلگۈسىدىكى نوپۇسى 100 ~ 120 مىڭغىچە بولىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى كروران شەھىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ ئىلمىي تەسەۋۋۇر «يېڭى كروران قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالدى . جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئاكادې - مىك جاڭ شىنشى ، تەتقىقاتچى شا شۇنچىڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىس - لەرنىڭ بۇ ئىلمىي تەسەۋۋۇرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تەستىقلىنىپ گوۋۇيۈەنگە يوللانغان . چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جۇغ - راپىيىلىك جايلىشىش ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ، ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىككىنچى ئېغىز ، شۇنداقلا قو - مۇلدىن قالسا بىردىنبىر ئېغىز ھېسابلىنىدۇ . 218 - ، 315 -

دۆلەت تاشيوللىرىنىڭ تۈتىشىدىغان مۇھىم تۈگۈنى . مۇتەخەسسىس-
لەرنىڭ قارىشىچە «يېڭى كروران قۇرۇلۇشى» شىنجاڭنىڭ ئىقتى-
سادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم جۇغرا-
پىيىلىك ئورۇن بولىدىكەن . ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىما-
ئىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدىكەن . ئەلۋەتتە ، كروران شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن
ساياھەتچىلىك جانلىنىدۇ ، كالىيلىق تۇز سانائىتى ، نېفىتچىلىك ،
شورلۇق جايدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن ئالاھىدە مەھسۇلات يا-
رىتىلىدۇ . ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە ، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ
ئېقىنىدا شورلۇق رايوندا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك زاپىسى مول بو-
لۇپ ، تۈرى جەھەتتە جۇڭگودىكى تۈرلەرنىڭ %49 نى ، دۇنيادىكى
تۈرلەرنىڭ %8 نى ئىگىلەيدىكەن . بۇ ئۆسۈملۈكلەر يۇقىرى ئىقتى-
سادىي قىممەتكە ئىگە . چاقىلىق ناھىيىسىدە يەنە كروران قەدىمكى
شەھەر خارابىسى ، مىرەن كونا شەھىرى خارابىسى قاتارلىق قەدىمكى
مەدەنىيەت ئىزلىرى بولغاندىن سىرت ، يەنە تارىم دەريا ئېكولوگى-
يىسىنى تۈزەشتىكى مۇھىم بازار يېڭىسۇ ، قاراداي ، ئارغان ، قور-
غان ، لوپ لەنگەر ، تارتىما (تېتىما) كۆلى قاتارلىق چۆللىشىش ۋە
قۇملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئورۇنلىرى كەلگۈسىدە بازار
بولۇش بىلەن بىرگە ، سۇ ، قۇملۇق ، توغراقلىق گىرەلەشكەن مۇ-
ھىم ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئايلانغۇسى . ئۇنداقتا قۇرغاق مۇھىتتا
قۇرۇلىدىغان يېڭى كروراننىڭ سۇ مەسىلىسى قانداق ھەل قىلىنى-
دۇ ؟ مۇتەخەسسىسلەر كروراننىڭ سۇ ئىشلىرى مەسىلىسىنى تەتقىق
قىلىپ : «چاقىلىقنىڭ ئۆزىدە بار سۇ زاپىسىنى ئېچىش ، چەرچەن
دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ، تارىم ، قايدۇ - كۆنچى دەريا ۋادى-
سىدىكى سۇنى تەڭشەش ۋە يەر ئاستى سۇ زاپىسىدىن پايدىلىنىش
ئارقىلىق يىلىغا تۆت - بەش يۈز مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەي-
تىش» تىن ئىبارەت بۇ پىلاننى تۈزگەن .

تارىختىكى كروران ئۆز سەلتەنەتىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، يېڭى
كروران قەد كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرماقتا ، سىز ئانا دىيارىمىزنىڭ

بىر قىسمى بولغان كىروراننىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىدىن، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئارامگاھى بولغان سىرلىق لوپ كۆلىدىن، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ پىنھانلىرىدا ياشىغان لوپلۇقلاردىن، شۇنداقلا قەدىمكى كىروراننىڭ سىر - ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز، تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر-نىڭ ئانىسى، يۇرت - يۇرتلارغا رىۋايەت بولۇپ تارقالغان شەھىرى كىتىك ۋە تۇغلۇق تۆمۈرنى دىنىي ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغان جالالىدىن كىتىكى، كىروراننى بايقاپ دۇنياۋى ئىلىم زىلزى-لىسىگە سەۋەبچى بولغان ئۆردەك ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى، قىسقى-سى، كىروراننىڭ تارىخىنى بىلمەك بولسىڭىز، بۇ ئەسەرگە مۇراجى-ئەت قىلىڭ. شۋېتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى، دوكتور سېۋىن ھېدىن ئەجەبلەنگەن ھەم ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە: «ئەجەبا بىزنىڭ شۋېتسىيىدە كىروراندىن بايقالغان تارىشا ۋە قەغەز پارچىلىرىدىن قەدىمىيرەك بىرەر پارچە تاشمۇ يوقمىدۇ؟» دەپ ئۆكۈنگەن. ئۇ بىر ئۆمۈر توي قىلماي نۇرغۇن ۋاقتىنى يۇرتىمىزنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا بېغىشلىغان. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇ-ناس گاباتىن خانىممۇ بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان. ئۇلارنى شۇنچە جەلپ قىلغىنى زادى نېمە؟ مەن ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق كىتاب يۈزىدىكى كىروراننى سىزگە تەقدىم قىلدىم، ئەلۋەتتە سەۋەنلىكتىن ساقلانمىقىم تەس، شۇڭا سىزنىڭ تەنقىدىي پىكرىڭىزنى ھەرقاچان ئالقىشلاپ، ئەقىل كۆزۈمنى نۇرلاندۇ-رۇشقا ئىنتىزارمەن. قېنى قېرىندىشىم، كىروراننىڭ تارىخىي سىر-لار بىلەن تولغان قەسرىگە مەرھەمەت.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## تىلسىملىق ماكان — كروران

جۇغراپىيىلىك تەپسىرات ...................................... 2
تارىختىن بۇرۇنقى تارىخ ...................................... 48
كروران ئېلىنىڭ تارىخى ...................................... 57
چاقىلىقتىكى شەھەر - بازارلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ......... 114
كروران ئېلىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەسىلىلەر
ھەققىدە مۇھاكىمە ...................................... 119
كروراندىن كۆچكەن ئاھالىنىڭ تەقدىرى .................... 162
كرورانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ........................ 167
كروران ئېلىگە تەھدىت سالغان سۇپىسلار ھەققىدە......... 223
چاقىلىق دىيارىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر شەھەر - بازارلىرى... 242
تەكلىماكاندىكى قەدىمىي شەھەر كىتىك .................... 242
تەكلىماكاندىكى قەدىمىي شەھەر لوپ ..................... 265
شەھىرى مەردەك ...................................... 281
كروران ئەۋلادلىرى— سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇھاكىمە... 284
كروران تارىخىدىن خۇلاسە بايان .......................... 315

# ئىككىنچى قىسىم

## كروراننىڭ قايتا گۈللىنىشى

چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن 1950 ـ يىلىغىچە …… 323
كروران ئەۋلادلىرى — لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى
ھەققىدە بايان …………………………………… 387
«لوپلۇق» نامى ھەققىدە ………………… 388
لوپلۇقلار ھەققىدىكى بايانلار ……………… 390
لوپلۇق ۋە لوپنۇرناملىرىغا ئىزاھات ……… 414
لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىدىن قىسقىچە خۇلاسە… 415
چاقىلىق ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە بايان… 417
چاقىلىقنىڭ كارۋان يوللىرى …………………… 443
چاقىلىقنىڭ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە بايان ……… 456
تارىختىكى كروراننىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان … 467
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ………………… 479
تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ………………… 497
چاقىلىق جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى ……… 527
1 . چاقىلىق ………………………………… 527
2 . لوپ ……………………………… 532
3 . مىرەن ……………………………… 534
4 . ئۇتام ……………………………… 537
5 . تىكەنلىك ……………………………… 537
6 . يېڭىسۇ ……………………………… 538
7 . ماڭلاي ……………………………… 538
8 . ئازغان ……………………………… 539
9 . قۇرغۇي ……………………………… 540
10 . قارادىي ……………………………… 540
11 . ۋاششەھرى ……………………………… 541
12 . تاتراڭ ……………………………… 542
13 . توخۇ مەھەللىسى ……………………… 543

14 . ئابدال ........................................ 543

15 . ياردالڭ ........................................ 544

16 . تارتما كۆلى ........................................ 545

17 . قارا بوران كۆلى ........................................ 546

18 . قارا قۇشۇن كۆلى ........................................ 546

19 . ئۆڭگۈلۈك ........................................ 548

20 . يۇسۇپ ئالىق ........................................ 548

21 . تاتلىق بۇلاق ........................................ 548

22 . لەنگەر ........................................ 548

23 . كەڭ لايقى ........................................ 548

24 . يېكەنبۇجۇمال ........................................ 549

25 . ئەۋرەز ........................................ 549

26 . كىروران ........................................ 549

27 . كىتىك ........................................ 550

28 . مەردەك ........................................ 550

29 . چەرچەن ........................................ 550

30 . قۇتۇم شەھىرى ........................................ 551

31 . قاغان شەھىرى ........................................ 552

32 . قورغان ........................................ 552

33 . جاھانساي دەرياسى ........................................ 552

34 . نامسىز تاغ تىزمىسى ........................................ 552

35 . نەۋجىكەنت ........................................ 552

36 . 若羌 ........................................ 553

37 . ئاتمىش بۇلاق ........................................ 554

38 . ئېتەك تېرىم ........................................ 554

39 . چۇقۇر چاپ ........................................ 554

40 . تىم مەھەللىسى ........................................ 554

41 . بەگلىرىم كىرگەن ساي ........................................ 555

42 . ئالتۇنتاغ ........................................ 555

43 . قۇچۇل ........................................ 555

44 . چىۋىنكۆل ........................................ 556

چاقىلىقنىڭ تارىختىكىناملىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ········ 557
鄯善 نىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ پىچان ناھىيىسىگە نام بولۇپ
قويۇلۇشى ························ 572
鄯善 نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى ھەققىدە ·················· 577
چاقىلىقنىڭ تارىختىكى مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە بايان ······ 580
چاقىلىق بەگلىرى ھەققىدە قىسسە ·················· 596
ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر دىيارىمىزدا ·················· 603
چاقىلىقنىڭ ئەلنەغمىچىلىكى ھەققىدە ·················· 613
چاقىلىق تارىخىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاپىتى ······ 617
پايدىلانمىلار ································ 620

بىرىنچى قىسىم

# تىلسىملىق ماكان — كروران

ئۆردەك ئىلىپ كەلگەن ياغاچ ئويمىنى شۋېت ئېكسپېدىتسىيىچى كۆرگىنىدە قانچىلىك ھەيرەتتە قالغان بولسا، كروران تارىخىنى ۋاراقلىغانسېرى مېنىڭمۇ شۇنچىلىك ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەقلىم لال بولدى، ئاشۇ ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىرىنى چۈشەنگەنسېرى كۆڭۈل رۇجەكلىرىم يورۇپ، ئەجدادلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئەرك

«ئەجەبا بىزنىڭ شۋېتسىيىدە كروراندا بايقالغان تارىشا ۋە قەغەز پارچىلىرىدىن قەدىمىيرەك بىرەر پارچە تاشمۇ يوقمىدۇ؟»

— سېۋېن ھېدىن

# جۇغراپىيىلىك تەپسىرات

كروران ئېلىنىڭ مەركىزى ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىدۇر، كروران ئېلىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم. بۇ كىتابتىكى بىز بىلمەكچى بولغان قەدىمىي شەھەر ۋە خارابىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھازىرقى بوستانلىقلاردىن يىراق، يەنە كېلىپ چۆل - جەزىرىلەردە بولغانلىقتىن، ئاۋۋال ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىدىن چۈشەنچە بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەڭ ئاۋۋال چاقىلىقنىڭ ھازىرقى تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي جۇغراپىيىسى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي تارىخىي بايانلارغا ئۆتىمىز، بۇنداق بولغاندا ئەينى تارىخنى يورۇتۇپ بېرىشىمۇ قولايلىقلىشىدۇ.

ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى شەرقىي مېرىدىئان 86 گرادۇس 45 مىنۇتتىن 93 گرادۇس 45 مىنۇتقىچە، شىمالىي پاراللېل 36 گرادۇس 5 مىنۇتتىن 41 گرادۇس 23 مىنۇتقىچە بولغان دائىرىگە جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە 570 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 202 مىڭ 298 كۋادرات كىلومېتىر، تاغ - ئېدىرلىقنىڭ كۆلىمى 59 مىڭ 180 كۋادرات كىلومېتىر، گوبى كۆلىمى 60 مىڭ 236 كۋادرات كىلومېتىر، چۆللۈك 25 مىڭ 508 كۋادرات كىلومېتىر، قۇملۇق 56 مىڭ 231 كۋادرات كىلومېتىر، كۆللەر 1093 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 48 كۋادرات كىلومېتىر، كۆلەم جەھەتتىن ۋېنگىرىيىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، گوللاندىيىنىڭ بەش ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسى شىمالدا لوپنۇر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com